# 8885 - كاپىرنىڭ قۇرئاننىڭ بىر نۇسخىسىنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئىنجىلنىڭ بىر نۇسخىسىنى قوبۇل قىلىش

## سوئال

بىر مۇسۇلمان ئەر مۇنداق دەيدۇ : مەن بىر كاپىرغا قۇرئان مەنىلىرىنىڭ تەرجىمىسىنىڭ بىر نۇسخىسىنى بەرمەكچى بولدۇم ، لىكىن ئۇ : ئەگەر سەن ئەرەپچە ئىنجىلنىڭ بىر نۇسخىسىنى مىنىڭدىن ئالمىساڭ ، ئۇنى سىنىڭدىن ئالمايمەن ، ھەمدە سەن ئىنجىلنى ئوقۇمىغىچە ئۇنى ئوقۇمايمەن ، دىدى . ئۇنى قىلمەنمۇ-يوق ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئالللاھقا بولسۇن .

بىز بۇ سوئالنى پىشۋا مۇھەممەت بىن سالىھ ئۇسەيمىينگە سۇنغاندۇق ، ئاللاھ ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن ، ئۇ تۆۋەندىكىچە جاۋاپ بەردى :

ئۇ ئۇنى قىلماسلىقى كىرەك ، چۈنكى ئىنجىل مۇسۇلمانلارغا تەسىر يەتكۈزىدۇ ،، لىكىن بۇ ئۇ رەزىل ئادەمگە ھىچ قانداق تەسىر قىلمايدۇ ، چۈنكى ئۇ ، مۇسۇلماننىڭ ئىنجىلنىڭ نۇسخىسىنى ئىلىشىنى مەقسەت قىلغان . شۇڭلاشقا ئۇ ئۇنىڭغا قوشۇلماسلىقى كىرەك .ئەگەر ئۇ توغرىغا ماڭسا ، ئۆزىنىڭ پايدىسىغا بولىدۇ ، ھەمدە ئۇ ئازسا ، ئۆزىنىڭ زىيىنىغا بولىدۇ .

سوئال :

ئۇنى ئوقۇشقا كۆڭلىدە ئەمەس ، ئىغىزىدا يالغاندىن قوشۇلسىچۇ ؟

جاۋاپ :

ئۇ ھىچقانداق نەرسىگە قوشۇلمايدۇ ، چۈنكى بۇ ھىلىقى ئادەمنى پەخىرلەندۈرىدۇ .

ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .

مۇھەممەت بىن سالىھ ئۇسەيمىين